# ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇ يىللىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى بەلگىلىمىسى ئېلان قىلىندى

مۇخبىرىمىز **جاۋ شيا** خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، «ئاپتونوم رايوننىڭ 2019 - يىللىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى بەلگىلىمىسى» رەسمىي ئېلان قىلىندى. بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز ئوت ئۆچۈرۈش، قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش خادىملىرى ھەم ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىشىگە ئالاقىدار ئېتىبار سىياسىتىنى كۆپەيتتى، كونكرېت بەلگىلىمە «دۆلەت ئۇنىۋېرسال ئوت ئۆچۈرۈش، قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش قوشۇنى خادىملىرى ھەم ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەشكە ئېتىبار بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىز 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان نەتىجىسى ۋە ئورۇن تەرتىپىنى ئېلان قىلىشنى؛ 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ھەر قايسى تۈركۈملەرنىڭ ئايرىپ چىقىرىش كونترول نومۇر چېكىنى ئېلان قىلىشنى پىلانلىدى؛ 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىمتىھان بەرگۈچىلەر شىنجاڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تورىدا ئارزۇ تولدۇرۇشنى تاماملايدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر سەككىز تۈركۈمدە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدۇ: تولۇق كۇرسقا ئالدىن قوبۇل قىلىنىدىغان تۈركۈم [سەنئەت تۈرى، تەنتەربىيە تۈرى، ھەربىي - ساقچى جامائەت خەۋپسىزلىكى تۈرى ۋە باشقا ئالدىن ئۆز ئالدىغا قوبۇل قىلىدىغان تولۇق كۇرس ئالىي مەكتەپ(كەسىپ)لىرى]؛ نامراتلار مەخسۇس تۈرى، جەنۇبىي شىنجاڭ ئايرىم تۈرى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش پىلانى بويىچە تولۇق كۇرس 1 - تۈركۈمى [دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيەلەر، مەركەزلىك تۇتاش كەتكەن ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار رايونلار، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست ھەم شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش بويىچە نامراتلارنى يۆلەش رايونلىرىدىكى ئوقۇغۇچى مەنبەسىگە يۈزلىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدىغان تولۇق كۇرس 1 - تۈركۈمدىكى ئالىي مەكتەپ(كەسىپ)لەر]؛ ئۆز ئالدىغا تاللاپ قوبۇل قىلىش تۈركۈمى؛ تولۇق كۇرس 1 - تۈركۈمى؛ نامراتلار مەخسۇس تۈرى، جەنۇبىي شىنجاڭ ئايرىم تۈرى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش پىلانى بويىچە تولۇق كۇرس 2 - تۈركۈمى؛ تولۇق كۇرس 2 - تۈركۈمى؛ ئالىي كەسپىي تېخنىكوم (مەخسۇس كۇرس) ئالدىن قوبۇل قىلىش تۈركۈمى؛ ئالىي كەسپىي تېخنىكوم (مەخسۇس كۇرس) تۈركۈمى.

«ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش بەلگىلىمىسى»نىڭ تەپسىلىي مەزمۇنىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، شىنجاڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تورى(http://www.xjzk.gov.cn)دىن سۈرۈشتۈرۈڭ.

# بىڭتۇەننىڭ 1 - پەسىللىك ئىقتىسادىنىڭ باشلىنىشى تەكشى، مۇقىم بولدى

(بېشى 1 - بەتتە)

دەسلەپكى ھېسابلاشتا، 1 - پەسىلدە بىڭتۇەننىڭ ئۈچ كەسپى مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلىگەن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتى مۇقىم بولغان، ئىشقا ئاشۇرغان دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 6 مىليارد 242 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.7% ئاشقان. سانائەتنىڭ ئېشىش سۈرئىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن يۇقىرى بولغان، كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 12 مىليارد 573 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 2% ئاشقان. كۆلەمدىن يۇقىرى مۇلازىمەتچىلىك كارخانىلىرى ئىشقا ئاشۇرغان تىجارەت كىرىمى 2 مىليارد 983 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 11.6% ئاشقان.

سودىگەر ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش شىددەت بىلەن ئاشقان. سودىگەر ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىنغان تۈر 753، ئەمەلىيلەشكەن مەبلەغ 23 مىليارد 895 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 107.8% ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە، يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان تۈر 412، ئەمەلىيلەشكەن مەبلەغ 12 مىليارد 500 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 178% ئاشقان؛ داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرى 341، ئەمەلىيلەشكەن مەبلەغ 11 مىليارد 395 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 76.8% ئاشقان.

دۆلەت ئىلكىدىكى پېيى كونترول قىلىنىدىغان كارخانىلارنىڭ تىرەكلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كۆرۈنەرلىك بولغان، دۆلەت ئىلكىدىكى پېيى كونترول قىلىنىدىغان كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 5 مىليارد 240 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 5.4% ئاشقان؛ كۆلەمدىن يۇقىرى كىچىك، مىكرو سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 4 مىليارد 140 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 11.8% ئاشقان.

مۇلازىمەت كەسپى ئىشقا ئاشۇرغان قوشۇلما قىممەت 17 مىليارد 100 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 8.6% ئېشىپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۆھپە قوشۇش نىسبىتى 72.9%كە يەتكەن. ساياھەتچىلىك چوڭ تەرەققىياتنى كۈتۈۋالغان، ساياھەتچىلىكتە كۈتۈۋېلىنغان ئومۇمىي ئادەم سانى 3 مىليون 720 مىڭ ئادەم قېتىم، ساياھەت كىرىمى 2 مىليارد 300 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم 51.5%، 64.2% ئاشقان.

# تارىم دەرياسى «يېشىل كارىدور»نىڭ قايتا ھاياتلىققا ئېرىشىش خاتىرىسى

(بېشى 1 - بەتتە)

«بوران چىققاندا ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى، بوران توختىغاندا ھېچنېمە قالمايتتى.» 74 ياشلىق ۋاڭ جيەنبىن قولى بىلەن كۆزەينىكىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، 50 يىل بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسلىدى، ئاڭلىغۇچىلار خۇددى ئاشۇ قارا كۆزەينەكتىن «قارا بوران»نىڭ يەر - جاھاننى قاپلاپ باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى.

«قارا بوران» يالماپ يۇتۇۋالغانلاردىن يەنە تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تىرىكچىلىك بىلەن كۈن كەچۈرەتتى. «زور كۆلەمدىكى مايسىنى بوران ئۇچۇرۇپ كەتكەچكە، 5 - ئايغىچە، دېھقانلار دائىم ئۈچ - تۆت قېتىم تەكرار تېرىيتتى.» بىر ئۆمۈر سۇ قويۇپ بەرگۈچى بولغان ۋاڭ جيەنبىن تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا دېھقانلار بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى «مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي جەڭ قىلىش»نىڭ گۇۋاھچىسى بولدى.

چارا(تارىم دەرياسى تۆۋەن ئېقىنىنىڭ يۇقىرى بۆلىكى)دىن تېتىما كۆلى(تارىم دەرياسىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىدىكى كۆل)گىچە، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى بويلاپ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 400 كىلومېتىر كېلىدىغان، قاپلاش كۆلىمى 4000 كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغان چۆل ئۆسۈملۈكلىرى بەلبېغى بار ئىدى.

تارىم دەرياسى ھەۋزىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ئۆمەرجان ئوبۇل مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: دەريا سۈيى بىلەن سۇغىرىلغان توغراقلىق، يۇلغۇن، سۆكسۆك شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ سوزۇلغان، تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن قۇرۇق تاغ قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىنى مەھكەم توسۇپ تۇرىدىغان بولۇپ، ئىسمى - جىسمىغا لايىق «يېشىل كارىدور» ئىدى.

ئەمما، نەچچە ئون يىلدا ھەۋزىدىكى نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ يەر ۋە سۇغا بولغان ئېھتىياجى ئۈزلۈكسىز ئاشتى. زور كۆلەمدە بوز يەر ئېچىش، تەرتىپسىز سۇ ئىشلىتىش تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا قويۇلىدىغان سۇ مىقدارىنىڭ شىددەت بىلەن ئازىيىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى يەر ئاستى سۈيى «زىيادە تارتىلىپ»، يەر ئاستى سۈيى ئون مېتىر تۆۋەنلەپ كەتتى، سۇ ئىچەلمىگەن توغراقلىق دائىرە بويىچە قۇرۇپ كېتىشكە باشلىدى. سۇ ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ بىر پارچە نەق مەيدان تەكشۈرۈش دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، تارىم دەرياسى تۆۋەن ئېقىنى بويىدىكى توغراقلىقنىڭ كۆلىمى 1958 - يىلى 810 مىڭ موغا يەتكەن بولۇپ، 1978 - يىلى 246 مىڭ موغا تارىيىپ كەتكەن.

قۇم - بورانغا تاقابىل تۇرۇشتا، توغراقلىقنىڭ جەڭگىۋارلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ھالبۇكى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئېكولوگىيە بارغانسېرى ناچارلاشتى. 20 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىغا كەلگەندە، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا ئېقىن تەلتۆكۈس ئۈزۈلۈپ، «يېشىل كارىدور» يوقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالدى. «‹قارا بوران›لا ئەمەس، ھەتتا پۈتۈن قۇملۇق قىستاپ كېلەي دېدى، كۆچمە قۇم قۇرۇپ كەتكەن دەريا قىنىغا يېقىنلاشتى» دېدى 58 ياشلىق يەرلىك ئاھالە لىيۇ سۇڭخۇي. ئۇ تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، قۇملۇقنىڭ شەھەر - بازارغا، دەريا قىنىغا قىستاپ كېلىشى تۆۋەن ئېقىندا ئېقىن ئۈزۈلۈپ ئون نەچچە يىلدىن كېيىن يۈز بەرگەن.

تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى ئەتراپىدىكى تاشيولغا يېقىن جايدا، 100 نەچچە ئورۇندا چوڭ، كىچىك قۇم بارخانلىرى بار، ئېگىزلىكى نەچچە ئون سانتىمېتىر كېلىدۇ، ھەتتا بىر مېتىردىن ئاشىدۇ، ئۇزۇنلۇقى ئون نەچچە مېتىردىن 200 مېتىرغىچە كېلىدۇ. تۆۋەنكى ئېقىن بويىدا تۇرىدىغان پۇقرالارنىڭ كۆڭلى دەككە - دۈككىگە چۈشكەن بولۇپ، تارقالغان گەپ - سۆزلەرگە قارىغاندا، بۇ ئەتراپ ئولتۇراقلىشىشقا ماس كەلمەيدىكەن، ئومۇميۈزلۈك كۆچۈرۈلىدىكەن.

تارىم دەرياسى غول ئېقىنىنىڭ ئاخىرقى ئۇچى بولغان تېتىما كۆلىنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىكى كۆلىمى 80 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتكەن، 1972 - يىلغا كەلگەندە بىر تېممۇ سۇ قالمىغان.

خەتەرلىك جىددىي پەيتتە، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، سۇچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

2001 - يىلى، ئومۇمىي سېلىنمىسى 10 مىليارد 700 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان تارىم دەرياسى ھەۋزىسىنى يىغىنچاق مەزگىللىك ئۇنىۋېرسال تۈزەش تۈرى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقىغا ئېرىشتى. سۇ تېجەش، تېرىلغۇدىن چېكىندۈرۈش بىلەن بىللە، شىنجاڭ دائىملىق قائىدىنى بۇزۇپ تاشلاپ، تارىم دەرياسى ھەۋزىسىنىڭ سۇ بايلىقىغا قارىتا قاتتىق بىرتۇتاش باشقۇرۇشنى يولغا قويدى.

كۈچلۈك ھەۋزە باشقۇرۇش تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، تارىم دەرياسى ھەۋزىسىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى پۈتۈن ھەۋزىنىڭ سۇ ئىشلىتىش ئورۇنلاشتۇرۇشىنى قايتا تەرتىپكە سالدى، يۇقىرى - تۆۋەن ئېقىن ئارىسىدىكى ئىشلەپچىقىرىشقا سۇ ئىشلىتىش زىددىيىتىنى پەسەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ سۇنى تېجەپ تۆۋەن ئېقىنغا ئون نەچچە قېتىم ئېكولوگىيەلىك سۇ قويۇپ بەردى. سۇ 30 يىلغا يېقىن قۇرۇپ قالغان تۆۋەن ئېقىندىكى كونا يولنى بويلاپ، قايتىدىن تارىم دەرياسىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىدىكى تېتىما كۆلىگە قۇيۇلدى، بىر پارچە كۆل قۇملۇقتا قايتا پەيدا بولدى. بۈگۈنكى كۈندە، تېتىما كۆلى سۇ يۈزىنىڭ ئەڭ چوڭ كۆلىمى 500 كۋادرات كىلومېتىردىن كۆپرەككە يەتتى.

تۆۋەن ئېقىندىكى دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى يەر ئاستى سۇ ئورنىنىڭ ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ، خېلى كۆپ ساندىكى توغراقلىق قۇرۇپ كېتىش گىرداۋىدىن قايتا كۆكلەپ، ئەتراپتىكى بوستانلىق بىلەن پۇقرالارنى قايتىدىن قوغدىدى. يەن تەتقىقات تارماقلىرىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەسلىگە كېلىش ۋە ياخشىلىنىش كۆلىمى تەخمىنەن 2285 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، قۇملۇق يەر كۆلىمى 854 كۋادرات كىلومېتىر ئازايغان.

تارقىلىپ يۈرگەن كۆچۈرۈش يولغا قويۇلمىدى، لىيۇ سۇڭخۇي بۈگۈنگىچە تۇغۇلغان جايدا ياشىماقتا.

نۆۋەتتە، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنى كېسىپ ئۆتكەندە، ھەر ۋاقىت يېشىللىقنى كۆرگىلى بولىدۇ، «قارا بوران»نىڭ ئىزناسىنى ئاللىبۇرۇن ئۇچراتقىلى بولمايدىغان بولدى. ۋاڭ جيەنبىن مۇنداق دېدى: «بۇ ئەسلىملەرنىڭ بىز بۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەردە توختاپ قېلىشىنى، داۋاملاشماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن».

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

## ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش

# «گۈزەل ھويلا - ئاران» يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە ھەمدەم بولدى



5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىللىگەن گۈزەل ھويلا - ئاراننى سېلىشتۇرۇپ باھالاش پائالىيىتىدە گۈلقىز ساۋۇتنىڭ ھويلىسى «گۈزەل ھويلا - ئاران» دېگەن نامغا ئېرىشتى، ئاچال كەنتىنىڭ ئاياللار مۇدىرى ئادالەت مىجىت(ئوڭدا) مۇكاپاتلاپ بەرگەن كىيىم ئىشكاپىنى گۈلقىزنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بەردى.

□ مۇخبىرىمىز **جوۋ پېڭ** فوتوسى، خەۋىرى




5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، گۈلقىز ساۋۇت (ئوتتۇرىدا) ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان قىزى گۈلجەننەت ئابدۇكېرىم بىلەن سىنلىق پاراڭلاشماقتا.

5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئارال يېزىسى ئاچال كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئابدۇكېرىم مەتربەھىم ئائىلىسىنىڭ ھويلىسىدىن خۇشال كۈلكە - چاقچاق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئابدۇكېرىمنىڭ خوتۇنى گۈلقىز ساۋۇت ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ ئاچال كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن بىللە، داشۆدە ئوقۇۋاتقان قىزى گۈلجەننەت ئابدۇكېرىم بىلەن سىنلىق پاراڭلىشىۋاتاتتى.

ئابدۇكېرىمنىڭ ھويلىسى پاكىز، رەتلىك بولۇپ، تۇرمۇش رايونى، باقمىچىلىق رايونى، تېرىقچىلىق رايونىدىن ئىبارەت ئۈچ رايون ئايرىلغانىدى. ھويلىنىڭ بىر تەرىپىگە سۇ چۈشۈرۈلىدىغان تازىلىق ئۆيى ۋە ئايرىم مۇنچا سېلىنغان بولۇپ، ھويلا سىرتىدىكى بوش يەرگە كېۋەز تېرىلغانىدى.

يالغۇز ئابدۇكېرىمنىڭ ئائىلىسىدىلا چوڭ ئۆزگىرىش بولۇپ قالماي، بۈگۈنكى كۈندە ئاچال كەنتىدىكى ھەممە ئائىلىدە ئۆزگىرىش بولدى، ھويلا - ئارانلار ئۆزگەرتىلىپلا قالماي، نۇرغۇن كەنت ئاھالىسى ئۆيلىرىگە سافا، تاماق ئۈستىلى، سۇ ئىسسىتقۇچ قاتارلىق ئۆي جاھازلىرى ۋە ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى سېتىۋالدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ ئاچال كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى ئارزىگۈل بىلال مۇنداق دېدى: «بۇ يىلدىن بۇيان، كەنتتىكى كادىرلار، ئامما بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ئىشنى تۇرالغۇ مۇھىتىنى ياخشىلاش، ئىشقا ئورۇنلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، كىرىمنى ئاشۇرۇشتىن باشلاپ، گۈزەل يېزا - كەنت قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇرۇپ، زامانىۋى مەدەنىي تۇرمۇشنى قەدىرلەش باش تېما قىلىنغان ‹ئۈچ يېڭى› پائالىيىتىنى ئالغا سىلجىتتى. تۇرمۇش مۇھىتى ۋە كەنت قىياپىتىنىڭ ياخشىلىنىشى كۆپچىلىكنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە قوزغىدى».

2018 - يىلى، ئاچال كەنتىدە ھويلا - ئاراننى ئۆزگەرتكەن كەنت ئاھالىسى 200 نەچچە ئائىلىلىككە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، 30 ئائىلە قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىللىگەن گۈزەل ھويلا - ئاراننى سېلىشتۇرۇپ باھالاش پائالىيىتىدە تەقدىرلەندى.

**سۈرەتلىك ھېكايە**

# ئاپتونوم رايونىمىز 112 تۈرلۈك مەدەنىيەت، ساياھەت ئارقىلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى يولغا قويىدۇ

(بېشى 1 - بەتتە)

كۆكتوقاي دۆلەت كان باغچىسى مەنزىرە رايونى بارلىق ساياھەتچىلەردىن كىرىش بېلىتى ئالمايدۇ (چۈشەندۈرۈش ھەققىنى، ئارىلىق ئاپتوموبىل ھەققىنى ساياھەتچىلەر ئۆزى ئۈستىگە ئالىدۇ)؛ باركۆل قەدىمىي شەھىرى مەنزىرە رايونىدىكى ھەرقايسى مەنزىرە نۇقتىلىرى ھەقسىز ئېچىۋېتىلىدۇ؛ خېجىڭ ناھىيەسىدىكى كۈنەس مەنزىرە رايونىنىڭ كىرىش بېلىتى پۈتۈنلەي ھەقسىز بولىدۇ.

جۇڭگو ساياھەت كۈنىدە يەنە بەزى مەنزىرە رايونلىرى يەرلىك ئاممىدىن كىرىش بېلىتى ئالماسلىق پائالىيىتىنى يولغا قويىدۇ. چاغانتوقاي ناھىيەسىدىكى مەنزىرە رايونى يەرلىك ساياھەتچىلەردىن كىرىش بېلىتى ئالمايدۇ؛ كۆكتوقاي ناھىيەسى ئاھالىلىرى كۆكتوقاي مەنزىرە رايونىنى ساياھەت قىلغاندا، كىملىكى ئارقىلىق كىرىش بېلىتى ھەقسىز بولۇش ئېتىبارىدىن بەھرىمەن بولىدۇ؛ قاراماي شەھىرى ھەمدە ئورقۇ رايونى ئاھالىلىرى كىملىكى ئارقىلىق شۇ جايدىكى مەنزىرە رايونلىرىنى ھەقسىز ساياھەت قىلسا بولىدۇ؛ تۇرپان شەھىرى ئاھالىلىرى كىملىكى ئارقىلىق تۇرپان شەھىرىدىكى بارلىق مەنزىرە رايونلىرىغا ھەقسىز كىرەلەيدۇ؛ قاغىلىق ناھىيەسى ئاھالىلىرى سىتىيەم شەھىرى مەنزىرە رايونىنى ھەقسىز ساياھەت قىلالايدۇ؛ يېڭىسار ناھىيەسى ئاھالىلىرى كىملىكى ئارقىلىق بۇ ناھىيەدىكى مەنزىرە رايونلىرى، مەنزىرە نۇقتىلىرىنى ھەقسىز ئېكسكۇرسىيە قىلالايدۇ.

بەزى مەنزىرە رايونلىرى تېخىمۇ ئېتىبار بېرىش تەدبىرلىرىنى يولغا قويىدۇ. 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە، موڭغۇلكۈرە ناھىيەسىدىكى بارلىق مەنزىرە رايونلىرىنىڭ كىرىش بېلىتى ھەقسىز بولىدۇ؛ 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە، كۈنەس ناھىيەسىنىڭ غەربىي يۇرت ھاراق مەدەنىيىتى مۇزېيىنىڭ كىرىش بېلىتى ھەقسىز بولىدۇ؛ بايىنبۇلاق قاتارلىق مەنزىرە رايونلىرى يەنە 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزىدىغان، توي خاتىرە كۈنىنى ئۆتكۈزىدىغان ساياھەتچىلەرگە ئېتىبار بېرىش پائالىيىتىنى يولغا قويىدۇ.

مەنزىرە رايونلىرىنىڭ بېلەت باھاسىنى تۆۋەنلىتىش، ھەقسىز قىلىش قاتارلىق ئېتىبار بېرىش تەدبىرلىرىدىن باشقا، ھەرقايسى جايلار يەنە مېيىپلىك كىنىشكىسى بار ساياھەتچىلەر، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالىلەر ھەم تۆۋەن كاپالەتلىك ئائىلىلەرگە ئېتىبار بېرىش قاتارلىق ساياھەت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، مېيىپلەرگە ياردەم بېرىش تەدبىرلىرىنى يولغا قويىدۇ، ئەمگەك نەمۇنىچىسى، ئىلغار خىزمەتچى قاتارلىق ئىلغارلار توپىغا ئېتىبار بېرىشنى يولغا قويىدۇ، كۆپلىگەن ساياھەت كوپېراتىپى، مېھمانخانا، مېھمانساراي، ئىستىراھەت كەنتى قاتارلىقلارمۇ ئالاقىدار ئېتىبار بېرىش تەدبىرلىرىنى يولغا قويىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، قەشقەر ۋىلايىتى، تۇرپان شەھىرى قاتارلىق جايلار جۇڭگو ساياھەت كۈنىدە ئاممىۋى مەدەنىيەت سارايلىرىنى ھەقسىز ئېچىۋېتىدۇ، يەنە كۆپ خىل شەكىلدىكى ئاممىۋى پاراۋانلىق خاراكتېرىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىنى قويىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: تۆت بەتلىك 0.5 يۈەن، سەككىز بەتلىك بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)